# 178915 ـ مۆمىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى، سۈپەتلىرىگە قارىتا مەنا ۋە كەيپىيەت جەھەتتىن تۇتقان ئورنى توغرىسىدا

## سۇئال

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەت ئالىملىرى ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىكىتمەستىن، شەكىللەندۈرمەستىن، بىر نەرسىگە ئوخشاتماستىن ۋە يوققا چىقارماستىن ئىسپاتلايدۇ، ئۇلار بۇنى ئىمام مالىك
رەھىمەھۇللاھنىڭ: "ئۆستۈنلىكى مەلۇم، سۈپىتى ئېنىق ئەمەس"دېگەن مۇنۇ مەشھۇر سۆزىنى دەلىل قىلىپ ئىسپاتلاپ كەيپىيەتنىڭ مەنىسىنى تونۇتىدۇ.

ماڭا ئېنىق بولمىغان بىر مەسىلە: ئەگەر ھەر قانداق سۈپەت توغرىسىدا بۇ سۆزنى دېسەك، بىزگە: ئاللاھ تائالا كۆلدى ياكى ئاللاھنىڭ يۈزى ياكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياكى ئاللاھنىڭ پۇتى دېگەن سۈپەتلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى نىمە؟ دېيىلسە، بىز ھەممىنى ئاللاھقا تاپشۇرىۋېتىدىغان(مۇپەۋۋىزە)لاردىن بولماسلىقىمىز ئۈچۈن بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا لايىق بولغان ھەقىقى مەنىسىنى بىلىشىمىز لازىم بولمامدۇ؟. بۇ يەردىكى مەسىلە : ئەرەبلەر بۇ سۈپەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلىسا، مەخلۇقاتلاردىن ئۆزلىرى كۆرگەن نەرسىنىڭ تەقەززاسى بويۇنچە ئىزاھلايدۇ، بىز بۇ مەسىلىدە تېڭىرقاپ قالدۇق، ئەشئەرىلەردىن بولغان بەزى بىدئەتچىلەر بىزنى بۇ مەسىلىدە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەت ئالىملىرى ئىزاھلىمايدۇ، ئۇنىڭ ئىلمىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە سۈپەتلىرىگە ۋە ئۇ سۈپەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ كەيپىيىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ.

ئىبنى ماجشۇن، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئاللاھ تائالا ئۆزى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن سۈپەتلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، ئەگەر بىلسەك ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە مەنىسىنى بىلىمىز". ["ئەقىل بىلەن نەقىلنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىنى يىراق قىلىش" 1 ـ توم 115 ـ بەت. ]

ئەبۇ ھەپسە ئىبنى شاھىيىنىڭ ئاتىسى ئەبۇ تەييىب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئەبۇ جەپەر تىرمىزىنىڭ سورۇنىغا بارغاندا

ئۇ كىشىدىن ئاللاھ تائالانىڭ چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىستىن سوراپ: چۈشۈش قانداق بولىدۇ؟، ئاللاھنىڭ ئۈستىدە ئۈستۈن تەرەپ قالامدۇ؟دېسەم، ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: " چۈشۈش ئەقىلگە ئۇيغۇن، قانداق چۈشىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بۇنىڭغا ئىشىنىش ۋاجىپ، بۇ توغرىدا سوئال سوراش بىدئەتتۇر، دېدى".

ئىمام زەھەبى مۇنداق دەيدۇ: "ئۆز زامانىدىكى باغداتتىكى كاتتا ئالىم، پەقىھ راست ئېيتىدۇ: چۈشۈشتىن سوئال سوراش ئورۇنسىز، چۈنكى ئەرەب تىلىدا سوئال دېگەن ئاز ئۇچرايدىغان سۆزدىن بولىدۇ، لېكىن: چۈشۈش، سۆزلەش، ئاڭلاش، كۆرۈش، ئىلىم، ئۈستۈنلۈك دېگەن سۆزلەر ئاڭلىغۇچىغا ئېنىق بولغان كاتتا سۆزلەردۇر، ھېچ قانداق نەرسىگە ئوخشىمايدىغان زات، بۇنداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنسە، سۈپەت دېگەن سۈپەتلەنگۈچىگە ئەگىشىدۇ، ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئېنىقسىزدۇر" . [ئەلى ئەلغەپپارنىڭ" ئۈستۈنلۈك" ناملىق ئەسىرى 213 ـ214-بەتلەر].

ئەبۇ بەكىر ئىسمائىلىي مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالا ئەرشى ئۈستىدە قارار ئالدى، قانداق قارار ئالغانلىقى ياكى قانداق ئۈستۈن بولغانلىقى زىكىر قىلىنمىدى". [ "مەئارىجىل قەبۇل" 1 ـ توم 198 ـ بەت].

ئەھلى سۈننەت ۋەل جامائەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتى توغرىسىدىكى ئەقىدىسى بولسا: ئۇلار ئاللاھ سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە ئۇ سۈپەتنىڭ ھەقىقىتى ۋە لۇغەت بويۇنچە قويۇلۇشىنى بىلدۈرىدىغان مەنالىرىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئۇ سۈپەتلەردىن ئاللاھ تائالانىڭ بىر نەرسىگە ئوخشىتىلمايدىغانلىقى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولغان بىر نەرسىگىمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىش بىلەن ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ۋە ماھىيىتىنى بىلىشنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا زاتىدىمۇ ۋە سۈپەتلىرىدىمۇ ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ.

ئىككىنچى: سوئال سورىغۇچى قېرىندىشىمىزنىڭ: بىز مۇشۇ سۆزنى دېسەك، بىزگە: ئاللاھنىڭ كۈلىشى ياكى ئاللاھنىڭ يۈزى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟دېيىلىدۇ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بىز دەيمىزكى: ئاللاھنىڭ كۈلىشى دېگەن ھەقىقى بولغان مەجاز بولمىغان كۈلۈش بولۇپ، بۇ سۈپەتنى بىر نەرسە بىلەن شەكىللەندۈرمەستىن ۋە قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەستىن ئاللاھ تائالانىڭ شەنىگە لايىق بولغان رەۋىشتە ئىسپاتلاشتۇر. سۈپەتنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئىسپاتلايمىز، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇنىڭ قانداق كەيپىيەتتە ئىكەنلىكىنى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز، ھەممە سۈپەتلەردە شۇنداق قىلىمىز.

شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " بىز سۈپەتنى ئىسپاتلايمىز، ئۇنىڭدىن ئوخشىتىشنى چەكلەيمىز، ئوخشىتىش دېگەن مەخلۇقلارغا خاس بولىدۇ، ۋە شۇنداق دەيمىز: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇ سۈپەتلەرنى ئۆزى ئۈچۈن ئىسپاتلىدى، بىزمۇ ئۇ سۈپەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشتە چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەستىن ياكى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولمىغان سۆزنى قىلماستىن ئىسپاتلايمىز، ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، مەخلۇق سۈپىتى مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدۇ، مەخلۇقنىڭ كۈلىشى بولسا، بىر نەرسىدىن ئەجەپلەنسە، خۇرسەن بولسا ياكى سۆيۈنسە، قاقاھلاپ ئاۋاز چىقىرىش بىلەن بولىدۇ، لېكىن رەببىمىزنىڭ كۈلىشى بولسا ئۆزى خالىغانچە بولىدۇ، بىز ئۇ سۈپەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز". ["شەيخ جىبرىين پەتىۋالىرى" (96/63)].

ئۈچىنچى: سوئال سورىغۇچىنىڭ: بىز ھەممىنى ئاللاھقا تاپشۇرىۋېتىدىغان (مۇپەۋۋىزە) لاردىن بولماسلىقىمىز ئۈچۈن بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا لايىق بولغان ھەقىقى مەنىسىنى بىلىشىمىز لازىم بولمامدۇ؟ دېگەن سۆزىنىڭ جاۋابى؛ ئىلگىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىكى (مۇپەۋۋىزە) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى 138920 - نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىندى.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان سۆزنىڭ خۇلاسىسى: تاپشۇرۇش دېگەن ئىككى تۈرلۈك مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىرى: لەۋزىنى ئىسپاتلاش ۋە لەۋزى ئىپادىلەيدىغان مەنانىمۇ ئىسپاتلاش، ئاندىن ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشتۇر. بۇ توغرا ئىپادىلەشتۇر، بۇ ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ تۇتقان يولىدۇر.

ئىككىنچىسى: لەۋزىنى ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەستىن ئىسپاتلاش، بۇ باتىلدۇر.

سۈپەتنىڭ مەنىسىنى بىلىش ۋە ھەقىقىتىنى ئىسپاتلاش بىلەن سۈپەتنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش ئارىسىدا پەرق بار.

سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتى ئۆلىمالىرى مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈچۈن ئىسپاتلىغان: ئىككى قول، ئىككى قەدەم، بارماق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان، ھەدىستە كەلگەن سۈپەتلەرنى ئاللاھ تائالاغا لايىق بولغان يول بىلەن ئۆزگەرتمەستىن، قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەستىن، شەكىللەندۈرمەستىن ۋە ئىنكار قىلىۋەتمەستىن ئىسپاتلاش ۋاجىپ بولىدۇ، بۇ ماجاز ئەمەس بەلكى ھەقىقى سۈپەتتۇر". [دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى" 2 -توم 376 -بەت].

بىز ئۆزىمىز مەنىسىنى بىلىش لازىم بولغان سۈپەتلەرگە ئىشىنىشىمىز ۋە ئىمان كەلتۈرىشىمىز ۋە بىزنىڭ بىلىشىمىز مۇمكىن بولمايدىغان كەيپىيەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىشىمىز ۋاجىپتۇر. چۈنكى رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ھېچ ئوخشىشى يوقتۇر.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "سەلەپلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان ئالىملاردىن بىر قانچىلىرى سۈپەتلەرنى مۇتلەق قويدى، بۇنىڭدا سەلەپ ئالىملىرىنىڭ قارشى: سۈپەتلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى ئوخشىتىشنى چەكلەش بىلەن كۆرۈنۈشكە قويدى. بۇنىڭدىن مەسىلەن: سۆزلەش سۈپەتتە زاتىنىكى سۆزنىڭ شاخچىسىدۇر، سۈپەت ئۆلگىسىنىڭ باراۋېرىدە بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى ئەگەشتۈرلىدۇ، زاتىنى ئىسپاتلاش ۋۇجۇدنى ئىسپاتلاش بولۇپ، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى-كەيپىيىتىنى-ئىسپاتلاش ئەمەس. شۇنىڭدەك، سۈپەتنى ئىسپاتلاش، ۋۇجۇدنى ئىسپاتلاش بولۇپ، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى-كەيپىيىتىنى-ئىسپاتلاش ئەمەس. بىز شۇنداق دەيمىز: ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قول، قۇلاق بار دەيمىز، لېكىن قولنىڭ مەنىسى: قۇدرەت، ئاڭلاشنىڭ مەنىسى: ئىلىم دېمەيمىز... ھەممە نەرسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆز زاتىغا نىسبەت بەرگەندەك، بۇ سۈپەتلەر ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس زاتىغا نىسبەت بېرىلگەن. ئۇ زاتىنىڭ كاتتىلىقى، ئۇلۇغلىقىغا(شانىۇ شەۋكىتىگە) لايىق بولغان سۈپەتتۇر. بۇنىڭدىن: ئىلىم دېگەن بۇنىڭ بىلەن سۈپەتلەنگۈچىنىڭ زاتى سۈپىتىدۇر، بۇ سۈپەتنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بار، يۈز دېگەن سۈپەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر... شۇنىڭدەك، ئاللاھنىڭ پېيلىمۇ (يەنى ھەرىكىتىمۇ) شۇنداق، يارىتىشنىڭ كائىناتنى يوقتىن پەيدا قىلىپ بار قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، گەرچە بىز پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ ۋە ئۇ بىزنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزگە ئوخشىمىسىمۇ، چۈنكى بىز بىر ئىشنى قىلىشقا ئېھتىياجلىق

بولغاندا قىلىمىز. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھەممە جەھەتتىن ماختالغۇچىدۇر، بىر نەرسىگە ئېھتىياجى بولمايدۇ، زاتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. بىز ئۇنى ئومۇمى تەرەپتىن بىلىمىز، مەخلۇقاتلارنىڭ زاتىدا شەكىللەنمەيدۇ، ئاللاھنىڭ زاتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ، بۇ سۈپەتلەرنى مۇتلەق بايان قىلغاندا بىزگە نامايەندە بولىدىغىنى مۇشۇلاردۇر. قۇرئان ۋە سۈننەتتە بىزگە بىلدۈرۈلگەن سۈپەتلەرنى مۇشۇ قائىدىگە قارىتىش ۋاجىپ بولىدۇ.

مۆمىن كىشى مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئەسەرلىرىنى بىلىدۇ، ئاللاھ تائالا مۆمىندىن ئىرادە قىلغان ئىشمۇ مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم بىلەن ھەممە نەرسىنى قورشاپ تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدە زېمىننىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىغا قاتلىنىپ چاڭگىلىدا بولىدۇ. مۆمىنلەر جەننەتتە ياراتقۇچى زاتىنىڭ جامالىغا قاراپ ئالاھىدە لەززەتلىنىدۇ. باشقا بارلىق لەززەت ۋە نېمەتلەر بۇ لەززەتنىڭ يېنىدا چۆكۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ رەببى، ياراتقۇچىسى، مەبۇدى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ بىر نەرسىنىڭ كەيپىيتىنى(قانداق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ، بەلكى ئىنسانلار ئىلمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى مۇشۇنداق: شەيئىلەرنى بەزى تەرەپتىن بىلىدۇ، ھەممە تەرەپتىن تولۇق بىلىپ بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشىمۇ مۇشۇ تۈردىن بولىدۇ". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 6 ـ توم 355 ـ 358 ـ بەتلەر].

تۆتىنچى: يەنە بىر مەسىلە: سوئال سورىغۇچىنىڭ: ئەرەبلەر بۇ سۈپەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئېزاھلىسا، مەخلۇقاتلاردىن ئۆزلىرى كۆرگەن نەرسىنىڭ تەقەززاسى بويىۇنچە ئىزاھلايدۇ، دېگەن سۆزىگە قارىتا شۇنداق دەيمىز: ئەرەبلەر مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ مەنىسىنى ئېزاھلىسا، مەخلۇقاتلاردىن ئۆزلىرى كۆرگەن، بىلگەن ۋە تاپقان نەرسىنىڭ تەقەززاسى بويىۇنچە ئىزاھلايدۇ، بۇنى ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دۇنيادا كۆز بىلەن ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغان، ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدىغان، رەببىمىز بولغان ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كەيپىيتىگە(قانداق ئىكەنلىكىگە)زىت كەلتۈرۈش قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟.

سەلەپلەرنىڭ ئېتىقادى پرىنسىپىگە ئەگەشكەنلەر، ئۇلارنىڭ يولىدىن يۈرگەن ۋە ئېزىدىن ماڭغانلاردىن باشقىلار بىدئەتچىلەرنىڭ شۈبھىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.